تۈنجى قەدەمنى ياخشى ئالايلى   يېڭى كەيپىيات يارىتايلى

# كەنتنىڭ يېڭى يىلدىكى يېڭى پىلانى

## چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى قىزىلسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن جېي رۈزىڭ

1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، مۇخبىر ئاتۇش شەھەرنىڭ ئازاق يېزىسى بويامەت كەنتىگە بارغاندا، يوللارنىڭ تەپتەكشى، كەنت قىياپىتىنىڭ رەتلىك ۋە پاكىز ئىكەنلىكىنى كۆردى. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا، كەنت ئاھالىلىرى مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: كەنتتە بىر «ياخشى» شۇجى بار، ئۇ خېنەندىن، «ئىش قىلىش، ئىگىلىك تىكلەشتە بەكلا ‹ياخشى›!»

بويامەت كەنتى تۇخۇم توخۇسى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا مۇخبىر كەنت ئاھالىلىرى ئېيتقان «ياخشى» شۇجى ــ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خەن يىنى ئۇچراتتى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق چۈشەندۈردى: «خېنەنلىكلەر ‹ياخشى› دېيىشكە ئامراق، كۆپچىلىكنىڭ مېنى مۇشۇنداق چاقىرىشى مېنى ئېتىراپ قىلغانلىقى».

يېڭى يىلدىكى يېڭى مۇساپىدە، قانداق قىلغاندا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بېيىش يولىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، بويامەت كەنتىنىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خەن يىنىڭ كۆڭلىدە سان بار ئىدى.

«ھازىر كەنتتىكى باقمىچىلىق كوپېراتىپىنىڭ ئىشلىرى ئىزىغا چۈشتى، تۇخۇم توخۇسى ھەر كۈنى 20 مىڭ تۇخۇم تۇغىدۇ. كېيىنكى قەدەمدە بىز كۆلەمنى كېڭەيتىپ، كەسىپ زەنجىرىنى جانلاندۇرۇپ، كەسىپنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرىمىز» دېدى خەن يى ئىشەنچ بىلەن.

ئاتۇش شەھىرى مۇناقى ئۈزۈم، ئەنجۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئورگانىك ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجى ناھايىتى زور، ئۇنداقتا، تۇخۇم توخۇسى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن چىققان توخۇ مايىقىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئورگانىك ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش بازىسى قۇرسا تېخىمۇ ياخشى بولمامدۇ؟

تۇخۇم توخۇسى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا تايىنىپ، بويامەت كەنتى ئورگانىك ئوغۇت پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇپ، يىلىغا 2000 تونىنا ئورگانىك ئوغۇت پىششىقلىدى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا 100 مىڭ يۈەن پايدا تەقسىملىنىپ، كەسىپ زەنجىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇزارتىلدى. خەن يى يەنە تۇخۇم توخۇسى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى شاللىۋەتكەن تۇخۇم توخۇلىرىنى مۇكاپات شەكلىدە ئىشتا پۇختا، ئىشلەشنى خالايدىغان دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ بېقىشىغا تارقىتىپ بەرمەكچى بولدى.

تۇخۇم توخۇسى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى ياڭ فۇخۇا مۇنداق دېدى: «بىز توخۇ بېقىشتىن پەيدا بولغان مۇھىت قوغداش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىشنى ئىزچىل ئويلاپ كېلىۋاتقاندۇق، بۈگۈنكى كۈندە توخۇ مايىقىنى گۆھەرگە ئايلاندۇرۇش بىزنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم كەسپىمىزگە ئايلاندى».

بويامەت كەنتى يەنە كىيىم ـ كېچەك پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇپ، كىيىم ـ كېچەك، كارىۋات بۇيۇملىرىنى پىششىقلاش كارخانىسىدىن ئۈچنى كىرگۈزۈپ، شۇ جايدىكى 200دىن كۆپرەك كىشىنى قوبۇل قىلدى.

كەسىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ مىقدارىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلغاندىن باشقا، خەن يى ۋە كەنت كادىرلىرى يەنە ساقلانما مىقدارنى قېزىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلدى. «كەنتنىڭ مۇناقى ئۈزۈمچىلىك باغچىسى 4500 مو بولۇپ، كۆلەملەشكەن سوغۇق ساقلاش ئامبىرىدىن ئالتىسى بار. كېيىنكى قەدەمدە بىز ئۈزۈمنى چۆرىدەپ ‹چوڭ ئىشلارنى قىلىمىز›»دېدى خەن يى.

2020 ـ يىلى، بويامەت كەنتى تۆت يۇلتۇز دەرىجىلىك دېھقانلار ئارامگاھى ۋېيفىڭ قورۇقىنى قۇرۇپ، ئاتۇش شەھىرى ئاھالىلىرى ئارام ئالىدىغان «ئارقا گۈللۈك»نى كۈچەپ بەرپا قىلدى. بۇ يىل كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ئۈزۈم ئۆستۈرۈش كۆلىمى چوڭ، ئۈزۈمىنىڭ سۈپىتى ياخشى بىرقانچە دېھقان ئائىلىسىنى ئۈزۈم ئۈزۈش باغچىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ، بۇ ئارقىلىق ھەم ۋېيفىڭ قورۇقىغا كېلىپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىش، تاماشا قىلىش تۈرلىرىنى بېيىتقىلى، ھەم ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

خەن يى مۇنداق دېدى: «بىز پىلان بويىچە قەدەممۇ قەدەم ئىشلەيمىز، بويامەت كەنتىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ئىشەنچىمىز بار!»

# ئاپتونوم رايونىمىز ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشلەمچىلەرنى ئېلىپ قېلىش مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى

## ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈش   ئىللىقلىق ئەتراپىمىزدا

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى جۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: چاغان مەزگىلىدە ئاممىنىڭ ساغلاملىق بىخەتەرلىكى، كارخانا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرتىپلىك بولۇشى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى قاتارلىق يەتتە تارماق بىرلىكتە ««چاغاننى كۈتۈۋېلىش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشلەمچىلەرنى ئېلىپ قېلىش› مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەر قاتارلىق ئىشلەمچىلەرنى ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈشكە ئىلھاملاندۇردى، يېتەكلىدى.

بۇ قېتىمقى مەخسۇس ھەرىكەتنىڭ ۋاقتى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە. بۇ مەزگىلدە، ھەرقايسى جايلار ئىشلەمچىلەرگە بايراملىق ھال سوراش خېتى ئەۋەتىش، زىيارەت قىلىش، ھال سوراش، ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇش، چاغاننى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇش، ئىشچى ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنى ئىش ئورنىدا قېلىش قىزىل بولىقى، بايراملىق سوۋغاتلىق تارقىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، مائاش، دەم ئېلىش قاتارلىق تەمىناتلىرىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، شىنجاڭ ئىچىدىكى، شىنجاڭغا كەلگەن ئىشلەمچىلەرنى ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈشكە، كارخانىدا دەم ئېلىشقا جەلپ قىلىشى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار سىياسەت جەھەتتىن قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشى كېرەك. تەۋەلىكتىكى بىرقەدەر كۆپ ئىشچى ئىشلىتىدىغان نۇقتىلىق كارخانىلارنى پائال زىيارەت قىلىپ، كارخانىلارنى مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىش ۋە دەم ئېلىش ۋاقتىنى تەڭشەش پىلانى تۈزۈش، ئىش ئورنى ئارقىلىق ئىشلەمچىلەرنى ئېلىپ قېلىش، مائاش ئارقىلىق ئىشلەمچىلەرنى ئېلىپ قېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. كارخانىلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدا تەربىيەلەش ۋە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيەلەشنى جانلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى قوللىشى كېرەك. نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىشنى تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇش، كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، نۇقتىلىق كارخانا، نۇقتىلىق تۈر، مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلارنىڭ داۋاملىق ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشىنى ئالدىن قوللاپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. باسقۇچلۇق ئىشچى ئىشلىتىش ئېھتىياجى بىرقەدەر چوڭ بولغان كارخانىلارنى ئىشلەپچىقىرىشى تويۇنمىغان، ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى بىرقەدەر كۆپ كارخانىلار بىلەن ئۇدۇللىشىشنى كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ ۋە ئۇلارنى قوللاپ، ئىشچى ئىشلىتىشتە ئارتۇق ۋە كەملىرىنى تەڭشەشنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە «ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش ئېيى» «باھار شاملى ھەرىكىتى» قاتارلىق مەخسۇس پائالىيەتلەرنى تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇپ، توردا تەكلىپ قىلىش پائالىيىتىنى سىجىل، ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا يۈزلىنىپ «131» مۇلازىمىتى(ئاز دېگەندە بىر قېتىم كەسپىي جەھەتتىن يېتەكلەش، ماس كېلىدىغان ئۈچ ئىش ئورنى ئۇچۇرى، بىر تەربىيەلەش تۈرى بىلەن تەمىنلەش)نى قانات يايدۇرۇپ، ئادەم بىلەن ئىش ئورنىنى دەل جايىدا ماسلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا سىجىل تۈرتكە بولىدۇ.

---

(بېشى 3 ـ بەتتە)

«تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، «14 ـ بەش يىل»نىڭ ياخشى باشلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلدى!

---

(بېشى 3 ـ بەتتە)

يىغىن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ـ ۋەزىپىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە، ئىسلاھ قىلىش ـ يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، خەلقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىپ، تەرەققىيات بىلەن بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادنىڭ پۇختا قەدەمدە ئىلگىرىلىشىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، ئىناق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىناق ـ ئىتتىپاق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلدى!

---

(بېشى 3 ـ بەتتە)

يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ، 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، پائال تۈردە مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆز قۇرۇلۇشىنىڭ بالدىقنى ئۆرلىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن تەبرىكلىشى كېرەك.

---

(بېشى 3 ـ بەتتە)

يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ، 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، قانۇن يۈرگۈزۈش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قاتتىق سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان قوشۇن قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، سوت قىلىش فۇنكسىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قەتئىي قوغداپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشنى كۈچلۈك قانۇن يۈرگۈزۈش كاپالىتىگە ئىگە قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن تەبرىكلىشى كېرەك.

---

(بېشى 3 ـ بەتتە)

2021 ـ يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوشۇلۇپ، بۇ دوكلاتنى تەستىقلاشنى قارار قىلدى.

يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ، 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، قانۇن يۈرگۈزۈش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قاتتىق سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان قوشۇن قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ، مەمۇرىي، ئاممىۋى مەنپەئەت تەپتىشلىكى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك، ماس، تولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىجتىمائىي ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قەتئىي قوغداپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشنى كۈچلۈك قانۇن يۈرگۈزۈش كاپالىتىگە ئىگە قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن تەبرىكلىشى كېرەك.